# بەندەم مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزى ئالدىراپ كەتتى، ئۇنىڭغا جەننەتنى هارام قىلدىم

جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلبەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىلگىرىكى ئۇممەتتە بىر كىشى بولغان، ئۇ يارىلىنىپ قاتتىق بىئارام بولدى ۋە پىچاق ئېلىپ قولىنى كېسىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن قان توختىماي ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئاللاھ تائالا ئېيتتىكى: بەندەم ئۆزى مەن تەرەپكە ئالدىراپ كەلدى، ئۇنىڭغا جەننەتنى هارام قىلدىم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئۈممەتتە ئۆتكەن بىر ئادەم توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ قاتتىق جاراھەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا چىدىماستىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە شىپاسىدىن ئۈمىدسىزلەندى. ئىمان ۋە چىن ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك، ئاللاھتىن ساۋاب كۈتۈپ سەبرى قىلالماي، ئۇنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ تۇرالمىدى ۋە پىچاق ئېلىپ قولىنى كېسىۋەتتى. قان توختىماي ئېقىپ ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتى. ئاللاھ تائالا دېگەن گەپنىڭ مەزمۇنى: بۇ بەندەم مېنىڭ رەھمىتىم ۋە شىپالىق بېرىشىمگە سەل قارىدى. مېنىڭ سىناقلىرىمغا بەرداشلىق بېرەلمەستىن، هارام قىلىنغان بۇ جىنايىتى بىلەن مەن تەرەپكە ئالدىراپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئەجىلىنى قىسقارتقانلىقىنى ئويلاپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭغا جەننەتنى هارام قىلدىم. جەننەت هارام قىلىنغان ئادەمنىڭ بارىدىغان جايى دەۋزەخ بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2981

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee